# ئالتۇن توخۇلار چىللىدى كىشلەرنى ئىشچان بولۇشقا ئۈندىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامرات نوپۇستىن 80 ئائىلىلىك 359 ئادەم بار ئىدى. بۇنداق «يېڭىش تەس ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىق» ئالدىدا، 2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدا بۇ كەنتكە كەلگەن خې جيەنشېڭ ھەسسىلەپ بېسىم ھېس قىلدى: كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئاز، يەر تېرىشتىن قىلىدىغان كىرىم ئاز؛ پىشىپ يېتىلگەن كەسىپ كەمچىل، باغ ـ ئورمان تېرىقچىلىق پايدىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس؛ سىرتقا چىقىپ ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى ئاز، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى كەمچىل... بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيىن مەسىلىلەر ئىدى.

چىقىش يولى قەيەردە؟ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن يەنىلا كەسىپكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. خې جيەنشېڭ ۋە كەنت كادىرلىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، يەكەن ئامىسىنىڭ توخۇ كاۋىپى يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ناھىيە بازىرىدىكى بىر توخۇ كاۋاپخانىسىنىڭ ئىلگىرى بىر كۈندە 1000 توخۇ كاۋىپى ساتقانلىقىنى، بازارنىڭ گۆش توخۇسىغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ زورلۇقىنى؛ شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توخۇ بېقىش ئەنئەنىسى بار بولۇپ، بەلگىلىك توخۇ بېقىش تەجرىبىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى؛ توخۇ بېقىش تەننەرخىنىڭ تۆۋەن، مەيدان ـ ئورۇنغا بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك سىجىللىقىنىڭ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى؛ توخۇ بېقىپ پايدا ئېلىش دەۋرىيلىكىنىڭ قىسقا بولۇپ، بىرنەچچە ئايدىلا ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايقىدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانى ھەم ئىددىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى بولۇپ، كەنت كادىرلىرى تەدرىجىي ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى ــ توخۇ باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك، ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى، كەنت كادىرلىرى كەنتتىكى توخۇ باقمىچىلىقى چوڭ ئائىلىسى شياڭ گۈيلىننىڭ پىكرىنى ئالدى، «يۇرتداشلارنىڭ بىرلىكتە بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، مەن بۇرۇنلا مۇشۇنداق قىلىشنى ئويلىغاندىم!» شياڭ گۈيلىن نەق مەيداندىلا ۋەدە بېرىپ، باقمىچىلىق باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ توخۇ باقمىچىلىقى تۈرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى، پەقەت بىرلا مۇھىم شەرت ھازىرلانمىدى، ئىش باشلاش مەبلىغى قەيەردىن كېلىدۇ؟ كەنت كوللېكتىپىنىڭ مەبلىغى كەمچىل، «پۇل يوق، دەپ ئىش قىلمىساق بولمايدۇ ـ دە.» 2018 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، خې جيەنشېڭ يېنىدىن 30 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ بىكار تۇرغان 500 كۋادرات مېترلىق قوي قوتىنىنى توخۇ كاتىكىگە ئۆزگەرتىپ، 1 ـ تۈركۈمدە 5400 گۆش توخۇسى بېقىشقا باشلىدى. چۈجىلەرنى كاتەككە كىرگۈزۈش پەقەت باشلىنىش بولۇپ، كۆڭۈل قويۇپ بېقىشتا ھەر قانداق بىر قەدەم كەم بولسا بولمايتتى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئەتىيازدا قۇم ـ بوران كۆپ، بوران چىقسىلا خې جيەنشېڭ جىددىيلىشىپ كېتەتتى، «بۇ بورانغا ئادەملەرمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان يەردە، توخۇلار قانداق بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟» ھەر قېتىم ھاۋا رايىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولسىلا، ئۇ دەرھال كادىرلارنى باشلاپ بىرىنچى ۋاقىتتا توخۇ كاتىكىگە بېرىپ، توخۇ كاتىكى ئۈستىدىكى بوراندا ئېچىلىپ قالغان سولياۋ يوپۇقنى پۇختىلايتتى. قۇم ـ بوران ئۆتۈپ كەتكەندە، چۈجىلەرگە ھېچ ئىش بولمايتتى، كادىرلارنىڭ ئۈستىبېشىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كېتەتتى.

### ئەندىزىنى بۇزۇش: كەنت ئاھالىلىرى پاي قوشۇش

چۈجىلەر تىمەن چوڭ بولدى، بۇنىڭدىن ئىنتايىن ھاياجانلانغان خې جيەنشېڭ تېخى خۇشال بولۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، بېشىغا بىر داس سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك بولدى.

كادىرلار نامرات ئائىلە نىيازبۇ توختىغا خىزمەت ئىشلەپ: «پاي قوشسىڭىز توخۇ كاتەكتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئاز دېگەندە بىر ھەسسىدىن كۆپرەك پايدا ئايرىپ بېرىلىدۇ» دېدى.

«مەن ئىشەنمەيمەن» نىيازبۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا رەت قىلدى، «مەنمۇ توخۇ بېقىپ باققان، ساتقىلى بولمايدۇ، پاي قوشقان پۇلدىنمۇ چوقۇم پۈتۈنلەي زىيان تارتىمىز» دېدى.

كەنت ئاھالىلىرى بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ ھەممىدىن قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرەپ، كادىرلارنىڭ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي نەسىھەت قىلغىنىغا قارىماي جىم تۇرۇۋالدى.

«بۇ ئىشنى زورلىغىلى بولمايدۇ.» كەنت كادىرلىرى ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، پىكىر يولىنى ئۆزگەرتتى.

ئۇلار ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، بىرنەچچە كاۋاپخانىنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ، كەنتنىڭ گۆش توخۇلىرىنى تونۇشتۇردى: «كەنتتە توخۇ بېقىش تەننەرخى تۆۋەن، سېتىش باھاسى چوقۇم سىلەر سىرتتىن سېتىۋالغاندىن ئەرزان بولىدۇ، بىز بىلەن سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالىساڭلار.» كاۋاپخانا ئىگىلىرى كەنت كادىرلىرىنىڭ سەممىيىتىدىن تەسىرلەندى، شۇنداقلا كېيىن تېخىمۇ سۈپەتلىك، باھاسى ئەرزان مال مەنبەسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كەنتكە بېرىپ كەنت ئاھالىلىرىگە تەرەققىيات ئىستىقبالىنى سۆزلىدى ھەم نەق مەيداندا ئۈچ يىللىق گۆش توخۇسى سېتىۋېلىش توختامى ئىمزالايدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى.

نىيازبۇ تەسىرلەندى: «مەن قاتنىشىمەن، ئىشقىلىپ نەچچە ئايدىلا بىلگىلى بولىدىكەن» دېدى. يەنە 30 نەچچە كەنت ئاھالىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن پاي قوشتى.

بىرنەچچە ئاي ئۆتتى، 1 ـ تۈركۈمدە بېقىلغان گۆش توخۇلىرى پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى، پاي قوشقان كەنت ئاھالىلىرى دەسمايىسىنى قايتۇرۇۋېلىپلا قالماي، ئۇلارغا يەنە نۇرغۇن پايدا ئايرىپ بېرىلدى. «بىرنەچچە ئايدىلا، 1000 يۈەن پۇلۇم 2600 يۈەنگە ئۆزگەردى، ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم» دېدى نىيازبۇ خۇشال ھالدا.

شۇنىڭدىن كېيىن، شارائىت پىشقاندا ئىش ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ، دېگەندەك، كەنتتە توخۇ بېقىش كۆلىمى تېز سۈرئەتتە كېڭەيدى، 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، كەنت دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشنى پىلانلاپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەمكارلىق كوپېراتىپى 262 كەنت ئاھالىسىنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

### تەرەققىي قىلدۇرۇش: شىركەتلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىش

2019 ـ يىلى، يېڭىئېرىق كەنتىدە يىلدا بېقىلىدىغان توخۇ 1 مىليون 200 مىڭغا، سېتىلىش سوممىسى 45 مىليون يۈەنگە يېتىدىغان كەسىپ شەكىللىنىپ، پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن چىقىپ كېتىشقا تۈرتكە بولدى.

كۆلەمنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەسلىدە بار بولغان باقمىچىلىق، سېتىش ئەندىزىسى كەسىپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىدى. «كەنت ئىككى كومىتېتى توخۇ باقمىچىلىق كەسىپىنى قانداق قىلغاندا ئىزچىل ساغلام تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزچىل ئويلاندى. كارخانا كىرگۈزۈپ، پىشىپ يېتىلگەن بىر كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كەنت ئاھالىلىرى ئاندىن ئۇزاق مۇددەت توخۇ بېقىشقا تايىنىپ كىرىمنى مۇقىم ئاشۇرالايدۇ» دېدى خې جيەنشېڭ.

ئۇلارنىڭ بىر شىركەتكە نەزەرى چۈشتى.

2018 ـ يىلى، يېڭىئېرىق كەنتى ھەم ئەتراپتىكى يېزا ـ بازارلارنىڭ توخۇ بېقىش كۆلىمى كېڭەيگەندىن كېيىن، بىر مەھەل يەم سېتىۋېلىشتا مەبلەغ كەمچىل بولۇپ قالدى. كەنت كادىرلىرى ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ شىنجاڭ ئىچىدىكى بىر يېزا ئىگىلىك شىركىتى بىلەن ئالاقىلەشتى، بۇ شىركەت مەردلىك بىلەن قەرز پۇل بېرىپ، كەنتنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قوللىدى.

بۇلتۇر خې جيەنشېڭ بۇ شىركەت بىلەن يەنە بىر قېتىم ئالاقىلىشىپ، شىركەتلەشتۈرۈپ توخۇ بېقىش ئويىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ شىركەتنىڭمۇ شۇ جايدا باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئويى بار ئىدى. ئىككى تەرەپ تېزلا كېلىشىپ، يەكەن جۇڭفۇ يېزا ئىگىلىك يەن ـ تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنى قۇردى. شىركەت مەسئۇلى ۋاڭ خۇيىەن مۇنداق دېدى: شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېقىش، سېتىش قاتارلىق ھالقىلاردا شىركەتلەشتۈرۈپ تىجارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، پائال بازار ئاچتۇق، بۈگۈنكى كۈندە گۆش توخۇلىرى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭغا سېتىلىۋاتىدۇ. شىركەت يەنە كەسىپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، شۇ جايدا قۇشخانا ۋە ئورگانىك ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇپ، بېقىش، سويۇش، سېتىش، ئورگانىك ئوغۇت پىششىقلاش بىر گەۋدە قىلىنغان كەسىپ زەنجىرى بەرپا قىلىپ، توخۇ باقمىچىلىقىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇردى.

بۇ يىل بۇ شىركەت باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىدۇ، يىلدا بېقىلىدىغان توخۇنىڭ 2 مىليونغا يېتىشىدىن ئۈمىد بار، بۇ، ئەتراپتىكى 300 كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يەم ـ خەشەك ئۆستۈرۈش، ئورگانىك ئوغۇتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تۈرلەر ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بىر يىلدا

ۋەكىل جاڭ شىن:

# كارخانىچىنىڭ جەمئىيەت مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش

ۋەكىل، ئەزالارنىڭ خىسلىتى

□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن

«ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش، ھەم يۇقۇمنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك، بۇ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم، زور ۋەزىپە. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جاسارەت بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، بۇرچۇمنى زىممەمگە ئالىمەن» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتى پاي چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر جاڭ شىن.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جاڭ شىن ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتىدىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىنى باشلاپ تېز سۈرئەتتە ھەرىكەتكە كېلىپ، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتتى، پۇختا تۇتتى، ئىنچىكە تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2000گە يېقىن پارتىيە ئەزاسىدىن تەشكىللەنگەن «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىش ئاۋانگارتلار ئەترىتى تەشكىللەپ قۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بايلىقىنى توپلاپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن پۈتۈن مەملىكەت، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى جىددىي يۆتكەپ تەقسىملەپ، ۋەتەنگە ياردەم بېرىپ، ۋۇخەنگە ياردەم بېرىپ، قېرىنداشلارنى قوغداپ، «يۇقۇم»غا قارشى جەڭ قىلىشتا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى.

«بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان تېببىي خادىملارنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان داۋالاش مۇداپىئە بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىپ، مەن ۋە ئالاھىدە ترانسفورموتور سانائىتىنىڭ ھەربىر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇق، بۇنىڭدىن ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن تۈرلۈك جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ ھەممىسى مۇشۇ پەيتتە بەختكە ئايلاندى. بىر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى مەقسىتى ۋە بۇرچىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك، بۇ مەيدان ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭدە، بىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تىرىشساقلا، چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىمىز!» دېدى جاڭ شىن.

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن پات يېقىندا ئېچىلىدۇ، ئۆتكەن بىر يىلدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئىزنالىرىغا نەزەر سالساق، جاڭ شىن مول نەتىجىگە ئېرىشتى. گوۋۇيۈەننىڭ كارخانىلارنىڭ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى؛ مەملىكەتلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋيېتنام، لائوس، كامبودژادىكى زىيارەت، تەكشۈرۈشكە قاتناشتى؛ شەرقىي ـ غەربىي قىسمىدىكى كارخانىچىلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم شەرقىي ـ غەربىي قىسمىنىڭ ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان تەرەققىيات مېخانىزمى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا نامراتلارنى يۆلەش سېلىنما فوندى تەسىس قىلىش، غەربىي قىسمىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يۆتكىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئالاقىدار تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، خوتەن شەھىرى يۇرۇڭقاش بازىرى ئالتىلا كەنتى، قىرىق ئېرىق كەنتى ئۈچۈن «گۈزەل چىراي» ئەندىزىسى ئېچىپ، ھەربىر ئائىلىنى ئۇخلايدىغان كارىۋات بولۇش، تاماق يەيدىغان ئۈستەل بولۇش، ئۆگىنىش قىلىدىغان ئورۇن بولۇش، كىيىم ـ كېچەك ئىشكاپى بولۇش، يۇيۇنۇشتا ئىسسىق سۇ بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، خوتەن كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش فوندى قۇرۇپ، شۇ جايدىكى باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى...

بۇلتۇر، جاڭ شىن يىغىنغا «شىنجاڭدىكى يەرلىك كارخانىلارنىڭ ‹بىر بەلباغ، بىر يول› قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر قاتنىشىشىنى قوللاش سىياسىتى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ» «‹شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش›تىكى 3 ـ، 4 ـ لىنىيەسىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ» «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەتلىك ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى› قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش چارىسى ۋە سىياسەت كاپالىتى تۈزۈشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ» «شىنجاڭنىڭ ‹مىڭ كارخانا مىڭ كەنتكە ياردەم بېرىش› بويىچە نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ» قاتارلىق سەككىز تەكلىپنى سۇندى.

بۇ يىل، جاڭ شىن يەنە بىر قېتىم باجنى كېمەيتىپ، ھەقنى تۆۋەنلىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ياسىمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش، «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزىدىغان» ئېلېكتر كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان تەكلىپلەرنى تەييارلىدى.

«زىممىمىزگە ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن، جەزمەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، ئاساسىي قاتلام بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ساھە تەرەققىياتىغا دىققەت قىلىپ، پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى قەلبكە پۈكۈشىمىز كېرەك» دېدى جاڭ شىن.

# يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش

تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇلتۇرقى تەكلىپلەر توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ جاۋابىنى ناھايىتى تېزلا تاپشۇرۇۋالدىم. مەن بۇنىڭدىن بىرقەدەر رازى، مۇناسىۋەتلىك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى تېزلىتىپ، ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىنىڭ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ جىنفېڭ يەن ـ تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى ۋۇ گاڭ.

سىياسىي كېڭەش مەملىكەتلىك 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ يىغىنىدا، ئەزا ۋۇ گاڭ «ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىغا تۈرتكە بولۇپ، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نورما بەلگىلەش تۈزۈمى تەپسىلىي قائىدىسىنى ئېلان قىلىپ، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئالدىن سودىلىشىش سۈپىسى قۇرۇپ، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئالدىن سودىسىنى كۆپەيتىپ، ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئارا توسۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىشلىتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيەنىڭ ئۆلكە ھالقىغان، رايون ھالقىغان سودا نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېشىل كىنىشكىنى سېتىۋېلىش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىستېمالىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش تەكلىپى بەردى.

ۋۇ گاڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە سودا يوللىرى يېتەرلىك ئەمەس، ئۆلكە ھالقىغان، رايون ھالقىغان سودىدا توسۇق مەۋجۇت، پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ رايون ھالقىپ ئىشلىتىلىش نىسبىتى بىر قەدەر تۆۋەن، بۇ ئامىللار يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئىستېمالىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى سودا مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇپ، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنىڭ بازارلاشقان سودا تۈرىنى كۆپەيتىپ، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمال سەۋىيەسىنى باھالاش ۋە كۆرسەتمە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمال ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش قاتارلىقلارغا تۈرتكە بولۇشنى كۈچەيتكەندە، يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمالىنى ئۈنۈملۈك قوزغاتقىلى بولىدۇ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق.

ئەزا ۋۇ گاڭنىڭ تەكلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى 2019 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جاۋاب بېرىپ، بۇ تەكلىپكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى مۇنداق بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلىتىمىز ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيەنى ئېچىش، پايدىلىنىشتا ئىجابىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى، لېكىن نۆۋەتتە قىسمەن رايونلار ھەقىقەتەن يەنىلا تۈرلۈك خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ، قاراتمىلىقى بولغان ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە نورما بەلگىلەش تۈزۈمى سىياسىتى، بازارلاشتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيەنىڭ ئۆلكە ھالقىپ، رايون ھالقىپ ئىشلىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قوللاش، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئەمەلىي ۋاقىتتا بويىچە ئېلېكتر ئېنېرگىيە سودا بازىرىنى ئېچىۋېتىش، يېشىل كىنىشكا سېتىۋېلىشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كېيىنكى قەدەمدە، دۆلەت ئېنېرگىيە ئىدارىسى ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىگە نورما بەلگىلەش تۈزۈمى سىياسىتىگە ياندىشىش بولغان يولغا قويۇش چارىسى ۋە تەپسىلىي قائىدىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئەلالاشتۇرۇلۇپ تەقسىملىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ئېلېكتر ئېنېرگىيە بازىرى قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سودا مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۆلكە ھالقىغان، رايون ھالقىغان توك تارقىتىش ھوقۇقى سودىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، پاكىز ئېنېرگىيە ئىشلىتىش سالمىقىنى ئاشۇرىدۇ؛ ئېلېكتر ئېنېرگىيە نەق مال سودىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىدۇ؛ پۈتۈن جەمئىيەتنى يېشىل ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى ئىستېمالىغا پائال يېتەكلەپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىمكانىيەتلىك ھاسىلىي ئېنېرگىيە كەسپىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.